# ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاپ، قەدەمنى ياخشى ئالايلى

## — پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

باشلىنىش پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، باشلىنىش قەدەمى كېيىنكى ۋەزىيەتنى بەلگىلەيدۇ. «14 - بەش يىل»دىكى كۈرەش قىلىش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش يېڭى مۇساپىسىدە، ياخشى باشلىنىش ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسى پات ئارىدا باشلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلدى، قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە دۆلىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، نىشان - ۋەزىپىسى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلىرى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كەلگۈسىنى پىلانلاشتىكى يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقى تولۇق نامايان قىلىندى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشى كېرەك.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە - مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تۈپ كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ ۋە ئۆگىنىپ، قوللىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ياخشى كادىر ئۆلچىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە كادىرلارنىڭ يېڭى دەۋردىكى يېڭى تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىپ ئىسلاھاتنى تۇتۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسى ۋە كەسپىيلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر كادىرلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، قوغداشنى كۈچەيتىپ، توغرا ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى ئارقىلىق ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان، ئىش قىلىشنى خالايدىغان، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان كادىرلارنى ئۆز كارامىتىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ زور ئىشەنچى. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، باشتىن - ئاخىر خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، باشتىن - ئاخىر تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئوبدان ئىشقا ئاشۇرۇش، ئوبدان قوغداش، ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقىنى قوزغاپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

ھەقىقەت ئاددىي بولىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەش ھەممىدىن مۇھىم. ئەمەلىي ئىشلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مىخ قېقىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئىستىلىنى مەڭگۈ ساقلاپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىش كېرەك. باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە ماھىر بولۇپ، بىر تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر چوققىغا يامىشىپ، بىر جىلغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر ياردىن ھالقىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ھەم كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، ھەم كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. بىرلىك سەپتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئەڭگۈشتەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغاپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

«تايىنىشقا تېگىشلىكى ۋەزىيەت، چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىكى پۇرسەت». بۈگۈنكى كۈندە، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلاندى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەتتە دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈردى. يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا تۈزۈپ چىقىلغان ئۇلۇغۋار پىلان بويىچە، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# پۇقرالار ئەتراپىدىكى بەدەن چېنىقتۇرۇش چەمبىرىكىدىن قانغۇچە ھوزۇرلاندى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جىلى بو خەۋەر قىلىدۇ: مەيدان ئەسلىھەلىرى يېتەرلىك بولماسلىق ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشتا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر چوڭ ئاغرىش نۇقتىسى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۇقرالار ئەتراپىدا «15 مىنۇتلۇق بەدەن چېنىقتۇرۇش چەمبىرىكى»نى بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى.

2020 - يىلغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا ناھىيە دەرىجىلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزىدىن 86سى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي سانىنىڭ 93%نى ئىگىلىدى، بۇ يىل مەھەللە ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزىدىن 13ى يېڭىدىن قۇرۇلدى؛ يېزا - بازار دېھقانلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشىدىن 461ى تاماملاندى؛ 8601 مەمۇرىي كەنتتىكى دېھقان - چارۋىچىلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشى پۈتتى، نۆۋەتتە، ئايرىپ چىقىلغان كەنتلەرنى قاپلاش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. 2016 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا سالغان ئومۇمىي مەبلىغى 333 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايدى. 2016 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار دېھقانلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشىدىن 212نى پۈتكۈزدى، 8601 مەمۇرىي كەنتتە دېھقان - چارۋىچىلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشى بويىچە تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 2017 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ناھىيە دەرىجىلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزىدىن 86نى، يېزا - بازار دېھقانلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشىدىن 252نى، مەھەللە كۆپ ئىقتىدارلىق تەنھەرىكەت مەيدانىدىن 66نى، تەنتەربىيە باغچىسىدىن سەككىزنى پۈتكۈزدى؛ 2018 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار دېھقانلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشىدىن 356نى پۈتكۈزۈپ، 17 مەھەللە تەنتەربىيە كۇلۇبى، 12 تەنتەربىيە باغچىسى، 29 چېنىقىش پىيادىلەر يولىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئېغىر نامرات كەنتلەرگە 3300 يۈرۈشتىن ئارتۇق چېنىقىش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىپ بەردى؛ 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازار دېھقانلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشىدىن 368نى پۈتكۈزۈپ، 15 تەنتەربىيە باغچىسىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.

2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 411 ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان ئەسلىھەلىرى تۈرى(ناھىيە دەرىجىلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەركىزى، يېزا - بازار دېھقانلار تەنھەرىكەت - چېنىقىش قۇرۇلۇشى، مەھەللە كۆپ ئىقتىدارلىق تەنھەرىكەت مەيدانى، تەنتەربىيە باغچىسى، چېنىقىش پىيادىلەر يولى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قۇرۇلدى، نۆۋەتتە، ھەرقايسى تۈرلەر پۈتتى ھەم ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا تەنتەربىيە مەيدانلىرىنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. 2019 - يىلى ئېلان قىلىنغان 4 - قېتىملىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەم تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى ئىستاتىستىكا قىلىش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 61 مىڭ 600 تەنتەربىيە مەيدانى بار بولۇپ، تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ كۆلىمى 48 مىليون 352 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 22 مىليون 836 مىڭ كۋادرات مېتىر، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانى كۆلىمى 1.94 كۋادرات مېتىر بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە: ۋاسكېتبول مەيدانى 18 مىڭ 900 بولۇپ، تەنتەربىيە مەيدانى سانىنىڭ 30.60%نى ئىگىلىگەن، بۇ سانى ئەڭ كۆپ تەنتەربىيە مەيدانى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 7.59 ۋاسكېتبول مەيدانى توغرا كەلگەن. پۇتبول مەيدانى 3023 بولۇپ، تەنتەربىيە مەيدانى سانىنىڭ 4.90%نى ئىگىلىگەن، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 1.22 پۇتبول مەيدانى توغرا كەلگەن. ۋالىبول مەيدانى 4335 بولۇپ، تەنتەربىيە مەيدانى سانىنىڭ 7.03%نى ئىگىلىگەن، ھەر 10 مىڭ ئادەمگە 1.74 ۋالىبول مەيدانى توغرا كەلگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جەي خۇڭفېي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلدى. يېڭى مەيدان - سارايلارنىڭ قۇرۇلۇشى، كونا مەيدان - سارايلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىلىشى، ھەمدە ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ يەنىمۇ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش تورى ھەمدە شەھەر، مەھەللە «15 مىنۇتلۇق بەدەن چېنىقتۇرۇش چەمبىرىكى» تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، «بەدەن چېنىقتۇرۇش يېنىمىزدا» تەدرىجىي رېئاللىققا ئايلانماقتا.




□制图/新疆日报视觉中心 窦 宇

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كېلىشىم ئىمزالىغان تۈرلەر ئاسفالت ئىمپورت سودا تۈرى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول پورتى خەلقئارا تېز يوللانما مەركىزى رەقەملىك ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ئەشيا ئوبوروتى ھەم كۆپ تىللىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق خېرىدارلار مۇلازىمەت سۇپىسى تۈرى، قۇرۇقلۇق پورتى تاشيول پورتى تۈرى، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى + قۇرۇقلۇق - دېڭىز يېڭى يولى قۇرۇلۇش تۈرى، رەقەملىك تەمىنلەش زەنجىرى پۇل مۇئامىلە تۈرى، كاسپى دېڭىزىدىن ھالقىغان ئاپتوموبىل ئېكسپورت تۈرى، دوستېك ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش مەيدانى - بېكەت ھەمكارلىق تۈرى، ترانسپورت - سودىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تۈرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى ماددىي ئەشيا بىرلەشمە ئۈچۈر پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى كېدا شۈنفېي پاي چەكلىك شىركىتى بىلەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول پورتى خەلقئارا تېز يوللانما مەركىزى رەقەملىك ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ئەشيا ئوبوروتى ھەم كۆپ تىللىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق خېرىدارلار مۇلازىمەت سۇپىسى تۈرىنى ئىمزالىدى. «تۈر پۈتكەندىن كېيىن، خەنزۇ تىلى، قازاق تىلى، ئۆزبېك تىلى قاتارلىق بەش خىل تىل ئارا ئاۋازنى يېزىققا ئايلاندۇرۇش ھەمدە يېزىق بىلەن يېزىق ئارا ئاپتوماتىك تەرجىمە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ يەنە تېز يەتكۈزۈش كەسپ زەنجىرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى كارخانىلار ئارىسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سانلىق مەلۇمات دېڭىزىنى راۋان، توسالغۇسىز قىلىپ، تېز يوللانما ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرغىلى ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ» دېدى كېدا شۈنفېي پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ تارماق شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى دۇەن شۈمىڭ.

«كېلىشىم ئىمزالانغان بۇ تۈرلەر پۈتكەندىن كېيىن، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى بويىدىكى دۆلەتلەر كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىساد - سودا ئالاقىسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ھەمكارلىق سۇپىسى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، تېخىمۇ قولايلىق جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ترانسپورت لىنىيەسىنى ئېچىپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونىنىڭ دۆلەتنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشقا مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تېخىمۇ ياخشى يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر ما چۈنلېي.

كېلىشىم ئىمزالانغان تۆت توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك تۈرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جياڭسۇ تيەنيىن مەبلەغ سېلىش پاي كونترول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى تۈرى، ئۈرۈمچى خەلقئارا توقۇمىچىلىق كىيىم - كېچەك مەركىزى مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى خەلقئارا توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك سودا مەركىزىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىجادىيىتى تەتقىقات - لايىھەلەش مەركىزى تۈرى، شىنجاڭ يۇۋېيشا ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق، تالا، يىپ ئىگىرىش كەسپلەر رايونى تۈرى ۋە ئۈرۈمچى خەلقئارا توقۇلما بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك سودا مەركىزىنىڭ ئەسلى ئىجادىي سۈپەتلىك ماركا يارىتىش ئەمەلىيەت مەركىزى تۈرىدىن ئىبارەت. بۇ تۈرلەر شىنجاڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىغا نۇقتىلىق مەركەزلەشكەن بولۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنىڭ ئىجادىي لايىھەلەش ۋە سۈپەتلىك ماركا يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرىدۇ.

يۇقىرىقى تۈرلەردىن باشقا، بۇ قېتىم كېلىشىم ئىمزالانغان تۈرلەر يەنە پۈتۈن كومپيۇتېرنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، پۇل مۇئامىلە، ئەقلىي ئىقتىدارلىق جابدۇق، يېشىل ئۆي جاھازىلىرى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)